# يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئارا تەبرىكلىشىشىنىڭ ھۆكمى

حكم تهنئة المسلمين لبعضهم برأس السنة الميلادية

< uyghur - ئۇيغۇرچە - الأويغورية >

ئىسلام سوئال جاۋاپ تورى ئىلمى خىزمەت گۇرۇپپىسى

القسم العلمي بموقع الإسلام سؤال وجواب

**تەرجىمە قىلغۇچى:** سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز
**تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى:** نىزامىددىن تەمكىنى

**ترجمة:** سيف الدين أبو عبد العزيز
**مراجعة:** نظام الدين تمكيني

177460-نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئارا تەبرىكلىشىشى توغرا بولامدۇ؟، ئۇلار بايرام ئۆتكۈزۈش مەقسىدى بىلەن ئەمەس بەلكى شۇنداقلا تەبرىكلەپ قويىدۇ. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

جاۋاپ:

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا،ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابى كىراملارغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئارا تەبرىكلىشىشى ۋە بايرام ئۆچۈن ياخشى تىلەكلەردە بولۇشى توغرا بولمايدۇ، شۇنداقلا بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بايرام قىلىشمۇ توغرا ئەمەس. بۇنداق قىلىش كاپىرلارغا ئوخشاپ قالغانلىق ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، بىزنىڭ بۇنداق قىلىشىمىز دىنىمىزدا چەكلەنگەندۇر. بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام سەھىھ ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «كىمكى غەيرى دىندىكى كىشىلەرگە ئوخشىۋالىدىكەن ئۇ كىشى شۇلاردىن ھېسابلىنىدۇ.» [ئەبۇ داۋۇت رىۋايىتى 4031-ھەدىس. بۇ ھەدىسنى شەيخ ئەلبانى رەھىمەھۇللاھ ئەبۇ داۋۇتنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا كەلتۈرگەن].

شۇنداقلا ھەر يىلى تەكرارلىنىدىغان بىر كۈننى تەبرىكلەش بولسا، مەزكۇر كۈننى بايرام قىلىپ-پائالىيەت ئۆتكۈزگەننىڭ مەنىسىدە بولۇپ، ئۇ چەكلەنگەن ئىشلار تۈرىگە كىرىدۇ.

ھەممىدىن توغرىنى بىلگۈچى ئاللاھ تائالادۇر.

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: نىزامىددىن تەمكىنى

**ئىسلام سوئال-جاۋاپ تورى**